# ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 ـ نۆۋەتلىك 8 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۇرۇشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى ئومۇمىي يىغىننىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچنى ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇجەسسەملەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە يادرولۇق ئاساسىي مەزمۇننى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىش، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىشتىكى تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئىلمىي ماھىيەتلىك مەزمۇنى، ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە 13 جەھەتتىكى روشەن ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئومۇمىي تەلىپى، ئومۇمىي نىشانى، نۇقتىلىق ۋەزىپىسى ۋە تۈپ كاپالىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى پارتىيەنىڭ نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق ۋەزىپە قىلىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، قەلبلەرگە سىڭىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگورۇپپا) نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىلىرى ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى نۇقتىلىق مەزمۇن قىلىشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۈلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاۋۋال ئۆگىنىشى، كۆپرەك ئۆگىنىشى، يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپ(مەمۇرىيەت شۆيۈەن)لىرى، كادىرلار شۆيۈەنلىرى ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشتە چوقۇم ئۆتۈلىدىغان دەرس قىلىشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل مەكتەپلەر ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى دەرسخانىغا كىرگۈزۈش، كاللىغا كىرگۈزۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك؛ ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى ئۆگىنىشكە ياخشى تەشكىللەپ، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ تولۇق قاپلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئۈنۈم يۈزلىنىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كەڭ تەشۋىق قىلىش، لېكسىيە سۆزلەش كېرەك. تاراتقۇلارنىڭ تەشۋىقاتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل ئاخبارات تاراتقۇلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەتراپلىق، كۆپ قاتلاملىق تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە كۆلەم، داغدۇغا ۋە كەڭ تەسىر شەكىللەندۈرۈش كېرەك. مەركەزلىك لېكسىيە سۆزلەشنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش، لېكسىيە سۆزلەش ئۆمەكلىرى ئورگان، كارخانا، يېزا، مەكتەپ، مەھەللە، تۇەن ـ چاڭ، لىەندۈيلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ يۈزتۇرا لېكسىيە سۆزلەش، ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار ئۆزى مەسئۇل ساھە، ئۆزى مەسئۇل تارماقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ لېكسىيە سۆزلەش، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيەلىك كادىرلار كىشىلەر ياقتۇرىدىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا كەڭ لېكسىيە سۆزلەش كېرەك. نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، كەڭ مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، چوڭقۇرلۇقى، سالمىقى بار تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا تەشكىللەش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگورۇپپا)لار رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى، ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىشى، ئۆزى تۇتۇشى، ھەرقايسى تارماقلار زىچ ماسلىشىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، «چىڭ تۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، رىئايە قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش»نى زىچ چۆرىدەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى چوڭقۇر، پۇختا ئىشلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار تۈزۈم ئېڭىنى يەنىمۇ ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى باشلامچىلىق بىلەن قوغداپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، پۈتكۈل ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە تۈزۈمنى ئاڭلىق ھۆرمەتلەش، ئۇلۇغلاش، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، تۈزۈمنى قەتئىي قوغداشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك قاپلىغان تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش ۋە نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، تۈزۈمنىڭ ھەر ۋاقىت ھەيۋىسى بولۇشى، ھەممە يەردە ئۈنۈمى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرما ۋە خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن نىشان ـ ۋەزىپىلەرنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى دائىملاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىش، سىجىل يېتىشىپ ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «قايتا قاراپ چىقىش»نى دائىملىق قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەن توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇش، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، دىنلارنىڭ ئېجىل ـ ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەشۋىقات، ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى قوللاش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش، ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشقا چاقىرىق قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئەزاسى، كاندىدات ئەزاسى بولمىغان ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

جىمسار ناھىيەسىنىڭ جىمسار بازىرى:

# «پارتىيە قۇرۇلۇشى+» ئارقىلىق مەھەللە مۇلازىمىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلدى

4 ـ ئومۇمىي يىغىننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قاراش
جەمئىيەت ئىدارە قىلىشتىكى يېڭى ئەمەلىيەت

**مۇخبىرىمىز لياڭ لىخۇا، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز خىسلەت** خەۋەر قىلىدۇ: يوللار پاكىز، رەتلىك، تاملار يېڭىدىن ئاقارتىلغان بولۇپ، مەھەللە جىمجىت، ئازادە ئىدى. 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جىمسار ناھىيەسىنىڭ جىمسار بازىرى ۋېيخۇاڭ مەھەللىسىگە بارغاندا، مەمۇرلار 2 ـ قارارلىق مەھەللىسىنىڭ يېپيېڭى قىياپىتىدىن مۇخبىرنىڭ كۆز ئالدى يورۇپ كەتتى.

«سىز جەزمەن بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ مەينەت، قالايمىقان، ناچار ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلمەيتتىڭىز. جىمسار بازارلىق پارتكوم ‹پارتىيە قۇرۇلۇشى+› مەھەللە تۈزەش ئەندىزىسىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، مەھەللىنىڭ قىياپىتى پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىردى.» مەھەللىنىڭ ئۆزگىرىشىنى مەھەللە ئاھالىسى دۇڭ يۈچىن چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى.

مەمۇرلار 2 ـ قارارلىق مەھەللىسى 2012 ـ يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، مۈلۈك شىركىتىنىڭ باشقۇرۇش مۇلازىمىتى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، مەھەللىنىڭ مۇھىت تازىلىقى ناچار ئىدى، يېشىللىق ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىدى، شەخسىي ئاپتوموبىللار قالايمىقان توختىتىپ قويۇلاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاھالىلەرنىڭ نارازىلىقى قوزغالغانىدى.

«مۈلۈك باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئاھالىلەر مۈلۈك باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇرۇشنى خالىمىدى، مۈلۈك باشقۇرۇش ھەققى يىغىلمىغاچقا، مۈلۈك شىركىتى مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى تېخىمۇ خالىمىدى، بۇنىڭ بىلەن يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش شەكىللەندى» دېدى ۋېيخۇاڭ مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ فېڭلىڭ.

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇرسەت بىلىپ، بۇ يىل 9 ـ ئايدىن بۇيان، جىمسار بازارلىق پارتكوم دىققەتنى ئامما باش قاتۇرىدىغان ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «جىمسار بازارلىق پارتكوم+مەھەللە پارتىيە باش ياچېيكىسى+دائىرە پارتىيە ياچېيكىسى+مۈلۈك ئىگىلىرى كومىتېتى»دىن ئىبارەت تۆت دەرىجە باشقۇرىدىغان «پارتىيە قۇرۇلۇشى+» مەھەللە تۈزەش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىرلەشمە يىغىن، ماسلاشتۇرۇش كېڭىشىش يىغىنى، قىزىل كېڭىشىش زالىدا كېڭىشىش، نەق مەيداندا بىرلىشىپ ئىش بېجىرىش ۋە مۇھىم، زور ۋەقەلەرنى مەسلىھەتلىشىپ كېڭىشىش قاتارلىق تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، «ھەر كۈنلۈك ئىشنى سۆزلەش» «ھەر كۈنلۈك باھالاش» «ھەر ھەپتىلىك يىغىن» «نەق مەيداندا بېجىرىش» قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، مۈلۈك باشقۇرۇشقا چېتىلىدىغان تۈرلۈك كونكرېت مەسىلىلەر توغرىسىدا ۋاقتىدا پىكىر ئالماشتۇردى، ماسلاشتۇردى، بىر تەرەپ قىلدى.

مەمۇرلار 2 ـ قارارلىق مەھەللىسىنىڭ ئۆي ۋە مۈلۈك مۇلازىمەت چەكلىك شىركىتى «پارتىيە قۇرۇلۇشى+» مەھەللە تۈزەش ئەندىزىسىنى پائال سىڭدۈرۈپ، مەھەللىنىڭ ئىلگىرى قېپقالغان مەسىلىلىرىنى رەتلەپ چىقىش ئارقىلىق، تۈزدىتىش لايىھەسىنى بېكىتىپ، مەھەللىنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى تۈزىدى، يوللارنى قايتىدىن قاتتىقلاشتۇردى، ئۆز ئالدىغا سېلىۋالغان، قالايمىقان سېلىۋالغان قۇرۇلۇشلارنى چاقتى، بۇنىڭ بىلەن مەھەللىنىڭ مۇھىتىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش يۈزبەردى.

«مۈلۈك باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مۈلۈك ئىگىلىرى كومىتېتى ھەر كۈنى كومىتېتنىڭ ئىككى ئەزاسىنى بىنالارنىڭ تازىلىق ئەھۋالى، مەھەللىنىڭ مۈلۈك مۇلازىمىتى ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇردى» دېدى جىمسار بازارلىق مۈلۈك باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ خېيگاڭ. مۈلۈك باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش ئارقىلىق، ھازىر مەھەللىنىڭ مۈلۈك باشقۇرۇش مۇلازىمەت سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

جىمسار بازىرى مۈلۈك شىركىتىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، مۈلۈك مۇلازىمەت كارخانىلىرىنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى چۆرىدەپ، كۈندىلىك تەكشۈرۈش، ھەپتىلىك باھالاش، ئايلىق باھالاش، ئاي ئاخىرىدا ئۇنىۋېرسال باھالاشتىن ئىبارەت مىقدارلاشتۇرۇپ باھالاش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، ئۇنى مۈلۈك مۇلازىمىتى كارخانىلىرىنىڭ يۇلتۇز دەرىجىسىنى باھالاش، دەرىجىسىنى بېكىتىش، باھالاپ مۇكاپاتلاشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلدى. جىمسار بازىرىدىكى مۈلۈك مۇلازىمىتى كارخانىلىرىنىڭ «تىزىملىكى»نى ھەر ئايدا بىر قېتىم ئېلان قىلىپ، تىزىملىكتىكى مۈلۈك شىركەتلىرىنى مۇكاپاتلاپ ـ جازالاپ، رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينىدى.

# يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولنىڭ «ئاممىۋى قاتناشلاشتۇرۇش» دەرىجىسى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى ھەپتە ئاخىرىدىكى ئوق پويىزنى، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى ئوق پويىزنى، چاتما ئوق پويىزنى كۆپەيتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولنىڭ «ئاممىۋى قاتناشلاشتۇرۇش» دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. نۆۋەتتە، دەسلەپتىكى ھەر كۈندىكى 6.5 جۈپ پويىز 43 جۈپ پويىزغا كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى سۈرئەتلىك پويىز 15 جۈپ. ئۈرۈمچى مەركەز قىلىنغان بىر سائەتلىك، ئىككى سائەتلىك، ئۈچ سائەتلىك قاتناش چەمبىرىكى، تۇرمۇش چەمبىرىكى، ئىقتىساد چەمبىرىكى، ساياھەت چەمبىرىكى شەكىللەندۈرۈلدى.

بۇ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ تۆمۈر يولى بازارغا دەل جايىدا ئۇدۇللاشتۇرۇپ، پويىز يۈرۈش خەرىتىسىنى كۆپ قېتىم تەڭشەش ئارقىلىق، «3+4» يۈرۈش خەرىتىسىنى جانلىق ئىشلىتىپ، ترانسپورت تەشكىللەشنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، ترانسپورت ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە قويۇپ بەردى، شىنجاڭ ئىچىدىكى يولۇچى توشۇش ئىقتىدارى 2016 ـ يىلىدىكىدىن 122.7% ئېشىپ، يولۇچى توشۇش ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچەيدى.

نۆۋەتتە، شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ تىجارەت ترانسپورتى مۇساپىسى 6568 كىلومېتىرغا يەتكەن بولۇپ، 2021 ـ يىلى 9126 كىلومېتىرغا يەتكۈزۈش پىلانلاندى، تۆمۈريول لىنىيەسى تېخىمۇ كۆپ رايونلارنى قاپلايدۇ.